ھەپتىلىك سىياسىي - ئىلمىي گېزىت

گېزىتىمىز 1999 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئېتىبارەن نەشر قىلىنماقتا

« ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ » ( ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرىدىن )

# ئۇچقۇن

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

1999 - يىلى 9 - ئاي

24 - سان

گېرمانىيىدە نەشر قىلىندى

Eastern Turkistan
Information Center

## مۇجاھىدىمىز كۆرەش، خوتەندە خىتاي ساقچىلىرى بىلەن قوراللىق جەڭ قىلىپ باتۇرلارچە شېھىت بولدى

ئۆز مۇخبىرىمىز ئۇچقۇننىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە بەرگەن خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ يىل 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كېچىدە خوتەندىكى ساقچى دائىرىلىرى، خېلى مەزگىللەردىن بۇيان ھەممە جايدا ئاختۇرۇش ئېلىپ بېرىپ قولغا چۈشۈرەلمەي كېلىۋاتقان مۇجاھىدىمىز كۆرەشنىڭ، خوتەن مېھمانخانىسى ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ 102 - نومۇرلۇق ئۆيىدە يوشۇرۇنغانلىقى ھەققىدە ئاخبارتقا ئىگە بولىدۇ ۋە دەرھال ھەددى - ھېسابسىز ساقچىلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، شۇ كۈنى كېچىدە خوتەن مېھمانخانىسى ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ 102 - نومۇرلۇق ئۆيىنى قاتمۇ - قات قورشاۋ ئاستىغا ئېلىۋالىدۇ. ( داۋامى 2 - بەتتە )

## خىتاي ھۆكۈمىتى قاراقاش ناھىيىسىدە كەڭ كۆلەمدە قىرغىنچىلىق باشلىدى

ئۆز مۇخبىرىمىز ئۇچقۇننىڭ بۇ يىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ۋەتەندىن بىۋاستە يوللىغان خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن ئېتىۋارەن خىتاي دائىرىلىرى مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر ۋە ساقچىلىرىنى ھەرىكەتكە سېلىپ، « يوشۇرۇنغان مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى تۇتىمىز » دېگەن باھانە بىلەن قاراقاش ناھىيىسىنىڭ پۈتۈن يېزا - قىشلاقلىرىدا كەڭ دائىرىدە تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى باشلىغان ۋە سەللا گۇمانلىق دەپ قارىغان ئۇيغۇرلارنى دەرھال قولغا ئالغان. ( داۋامى 2 - بەتتە )

## ئۇرۇشتىن كېيىنكى چوڭ تۇتقۇن

مۇخبىرىمىز ئۇچقۇننىڭ 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ۋەتەندىن بىۋاستە بەرگەن خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ يىل 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كەچتە مۇجاھىدىمىز كۆرەش، خوتەن مېھمانخانىسىنىڭ ئائىلىلىكلەر قوراسىدا خىتاي ساقچىلىرىنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ باتۇرلارچە شېھىت بولغاندىن كېيىن، خوتەندىكى ساقچى دائىرىلىرى بۇ ۋەقەنى باھانە قىلىپ خوتەن شەھىرىدە كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان. بۇ جەرياندا خىتاي ساقچىلىرى، « كۆرەشنى ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزغان » دېگەن باھانە بىلەن، قاراقاشلىق تاكسىچى بالىلاردىن مۇتەللىپ، مەمەت ئابدۇللا غوجا ئابدۇللا قاتارلىق ئىككى نەپەر بىگۇناھ ياشنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خوجا ھاشىم دېگەن ياشنى « ئافغانىستاندا چېنىقىپ كىرگەن » دېگەن باھانە بىلەن تۇتقۇن قىلغان. مۇخبىرىمىزنىڭ مەخپىي تەكشۈرۈش ئەھۋالىغا قارىغاندا، خىتاي ساقچى دائىرىلىرى يۇقارقى 3 نەپەر ياشنى خوتەن ناھىيىلىك تۈرمىدە تامغا يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويۇپ يالىڭاچ بەدىنىگە توك كالتىكى بىلەن ئۇرۇش، قولىنى تەتۈر باغلاپ كويزا سېلىش، يالىڭاچلاپ ئىنچىكە چىۋىقلار بىلەن ئۇرۇش، ھوشىغا ۋە تاپىنىغا كالتەك بىلەن قاتتىق ئۇرۇش ... قاتارلىق ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن قاتتىق قىينىغان.

خوتەن خەلقى، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ خىل زوراۋانلىقىغا قارىتا، « خىتايلارنىڭ قىلمىشى، 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى گېرمان ناتسىستلىرىنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ چۈشتى » دېيىشمەكتە.

## خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئېتىراپى : « شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى خوتەن ۋىلايىتىگە باغلىق »

ئالاھىدە مۇخبىرىمىز ئۇچقۇننىڭ بۇ يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ۋەتەندىن بىۋاستە بەرگەن خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، بىرقانچە ھەپتىدىن بۇيان خوتەن رايونىدا يۈز بېرىۋاتقان خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق ھەرىكەتلەردىن قاتتىق ئالاقزادە بولغان خىتاي دائىرىلىرى، 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ھاپىلا - شاپىلا ئاتالمىش « ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم » نىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ئىسمايىل تىلىۋالدىنى خوتەندىكى سىياسىي ۋەقەلەرنى بىۋاستە بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتكەن. ( داۋامى 2 - بەتتە )

## خىتاي ھۆكۈمىتى خوتەندە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىدىكى دىنىي ئەسەرلەرنى يىغىۋېلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى

ئالاھىدە مۇخبىرىمىز ئۇچقۇننىڭ بۇ يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ۋەتەندىن بىۋاستە بەرگەن خەۋىرىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، شۇ كۈنى « خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم » بىلەن « خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى » بىرلىكتە، پۈتۈن خوتەن تەۋەسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىدىكى بارلىق دىنىي ئەسەرلەرنى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن بۇرۇن يىغىۋېلىش ھەققىدە ئالاھىدە ئۇقتۇرۇش تارقاتقان. ( داۋامى 2 - بەتتە )

## ئاۋۇستىرالىيەدىكى ئۇيغۇرلار جاڭ زېمىنغا قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى

( تەپسىلىي مەزمۇنى 3 - بەتتە )

# مۇجاھىدىمىز كۈرەش، خوتەندە خىتاي ساقچىلىرى بىلەن قوراللىق جەڭ قىلىپ باتۇرلارچە شېھىت بولدى

( بېشى 1 - بەتتە ) بەختكە قارشى دەل شۇمەزگىلدە مۇجاھىدىمىز كۈرەش 102 - نومۇرلۇق ئۆيدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئىدى. خىتاي ساقچى دائىرلىرى ئۆيگە بىۋاستە باستۇرۇپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي، مۇجاھىدىمىزنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ئەمما ئۆزىنى ۋەتىنى ۋە مىللىتىگە ئاتىۋەتكەن مۇجاھىد كۈرەش خىتاي ساقچىلىرىغا ئوق ئارقىلىق جاۋاپ قايتۇرىدۇ. خىتاي ساقچىلىرى ئالدى بىلەن ئۆينىڭ ئىچىگە ياش ئاققۇزۇش بومبىسى ئېتىپ، ئارقىدىن ئۆينىڭ ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىدۇ، بۇچاغدا قەھرىمان مۇجاھىدىمىز دەرھال ئوق چىقىرىپ، خىتاينىڭ سادىق غالچىسى ساقچى مەتتوختىنى نەقمەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ ۋە مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىشقا تىرىشىدۇ. مۇجاھىدىمىز يېنىدىكى قول بومبىسىنى ساقچىلارنىڭ ئارىسىغا قارىتىپ ئاتقان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى بومبا پارتلىماي قالىدۇ. قاتتىق ئالاقزادە بولغان خىتاي ساقچىلىرى، مۇجاھىدىمىز كۈرەشكە قارىتىپ قالايمىقان ئوق چىقىرىشقا باشلايدۇ. بەختكە قارشى مۇجاھىدىمىزغا ئوق تېگىپ باتۇرلارچە شېھىت بولىدۇ. قەھرىمان مۇجاھىدىمىز كۈرەش بۇقېتىمقى جەڭدە يەككە - يىگانە ھالدا ئۆزىدىن 10 ئەچچە ھەسسە كۆپ بولغان خىتاي ساقچىلىرى بىلەن توپ - توغرا 15 مىنۇت قوراللىق كۈرەش قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زۇلۇمغا تىز پۈكمەيدىغان ۋە ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمايدىغان قەيسىرانە كۈرەش روھىنى تولۇق نامايەن قىلدۇ ۋە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن ياخشى ئۈلگە تىكلەپ بېرىدۇ.

مۇجاھىدىمىز كۈرەش جەڭدە شېھىت بولغاندىن كېيىن، ۋەھشى خىتاي ساقچىلىرى شېھىدىمىزنىڭ جەسىدىنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ، خوتەن ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسىغا ئېلىپ كېتىدۇ.

گېزىتىمىز مۇخبىرى ئۇچقۇننىڭ يۇقارقى خەۋىرىنىڭ توغرىلىقى، خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىۋاتقان « خوتەن گېزىتى » دىمۇ تولۇق ئىسپاتلاندى. « خوتەن گېزىتى » نىڭ بۇيىل 9 - ئاينىڭ 5 - كۈندىكى ئالاھىدە سانىنىڭ 1 - بېتىدە. « چوڭ زوراۋان - تېرورچى جىنايەتچىلەر شايىكىسىنىڭ كاتتىۋېشى كۈرەش ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى » دىگەن ماۋزۇدا بىرپارچە خەۋەر ئېلان قىلىندى. بۇخەۋەردە بۇقېتىمقى جەڭنىڭ ئەملى ئەھۋالى خىتاي ئۇقتىنەزىرى بويىچە تەپسىلى بايان قىلىندى ھەمدە خەۋەرنىڭ ئاخىرىغا شېھىدىمىز كۈرەشنىڭ يەردە قانلارئىچىدە ياتقان جەسىدىنىڭ فوتوگراپىي قويۇلدى. خەۋەرگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، « زوراۋانلىق - تېرورلۇق جىنايى ھەرىكەتلىرى ۋە قانۇنسىز دىنى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ، مىللى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىجتىمائى مۇقىملىقىغا ھەقىقى كاپالەتلىك قىلايلى! » دىگەن ماۋزۇدا مەخسۇس ئوبزور ئېلان قىلىندى. « خوتەن گېزىتى » نىڭ شۇكۈنكى ساندا يەنە، مۇجاھىدىمىز كۈرەش تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن مۇناپىق ساقچى تۇرسۇنتوختى ھەققىدە، « مۇقىملىقنى قوغداش ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلغان ئەزىمەت » دىگەن تېمىدا خەۋەر ئېلان قىلىندى ۋە بۇخەۋەردە مۇناپىق تۇرسۇنتوختى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈلدى. گېزىتىكى بۇخەۋەرنىڭ يۇقۇرى قىسمىغا، « ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتى » نىڭ مەخسۇس مىللى مۇناپىق تۇرسۇنتوختىغا ئاتاپ يوللىغان تەزىيە تېلىگراممىسىنىڭ تولۇق تېكىستى بېسىلدى.

## خىتاي ھۆكۈمىتى خوتەندە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىدىكى دىنى ئەسەرلەرنى يىغىۋېلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى

( بېشى 1 - بەتتە ) مەزكۇر ئۇختۇرۇشتا، بارلىق ئۇيغۇرلار 1999 - يىلى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن بۇرۇن ئۆيلىرىدىكى بارلىق دىنى مەزمۇندىكى نەشر بۇيۇملىرىنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بولۇش، 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن كېيىن ئۆيمۇ - ئۆي ئاختۇرۇش ئېلىپ بېرىش، بۇجەرياندا يەنىلا ئۆيىدىكى دىنى نەشرىيات بۇيۇملىرىنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرمىغانلار سېزىلسە، ئۇلارنى دەرھال قاتتىق جازالاش بايان قىلىنغان. ئۇنىدىن باشقا خىتاي دائىرلىرى يەنە بارلىق مەسجىد، مەكتەپ، ئىدارە - جەمىيەت ۋە مەھەللە - كەنتلەرگە بىردىن مەخسۇس پايلاقچى ۋە جاسۇسلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، خەلقنى قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئالغان.

## خىتاي ھۆكۈمىتى قاراقاش ناھىيىسىدە كەڭ كۆلەمدە قىرغىنچىلىق باشلىدى

( بېشى 1 - بەتتە ) مۇخبىرىمىزنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇقېتىمقى چوڭ ئاختۇرۇش جەريانىدا، شىرئەلى قاتارلىق 13 نەپەر مۇجاھىد قاراقاشنىڭ كۆيا يېزىسىدا خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قورشاۋى ئاستىدا قالغان. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا چىققان قوراللىق توقۇنۇشتا ئابدۇقادىر قاتارلىق 3 نەپەر مۇجاھىد نەق مەيداندا شېھىت بولغان. خىتاي دائىرلىرى بۇ ۋەقەنى باھانە قىلىپ، ئۆيمۇ - ئۆي ئاختۇرۇپ تۇتۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، قولىغا چىققانلىكى ئەرسىنى ئۇرۇپ - چېقىپ، پۈتۈن قاراقاش ناھىيىسىنى خارابىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان. رەھىمسىز خىتاي ساقچىلىرى مۇجاھىد شىرئەلىنى قولغا چۈشۈرەلمەي، ئۇنىڭ خانىمىنى قۇچاقتىكى نارسىدە بالىسى بىلەن قوشۇپ تۇتۇپ تۈرمىگە تاشلىغان ۋە بۇ بىگۇناھ ئايالنى تۈرمىدە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشى ئۇسۇللار بىلەن قاتتىق قىينىغان. خىتاي دائىرلىرى بۇقېتىمقى ھەرىكەتتە، دىنى تەلىم ئالغان تالىپلارنى ۋە ساقال - بۇرۇت قويغان ياشلارنى ئوختۇلۇق زەربە بېرىش نوبىكتى قىلغان. نۆۋەتتە قاراقاش ناھىيىسىنى شۇقەدەر ۋەھىمە قاپلىغانكى، ئۇيغۇرلار كوچىغا ئەركىن چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان. بىر - بىرىدىن گۇمان قىلىدىغان ۋە كېچە - كۈندۈز « قاچان تۇتۇپ كېتەركىن » دىگەن ئەندىشىدە ئەنسىزلىك ئىچىدە ئولتۇرىدىغان ئېچىنىشلىق ھالەت شەكىللەنگەن.

## خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئېتىراپى : « شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى خوتەن ۋىلايىتىگە باغلىق »

( بېشى 1 - بەتتە ) ئىسمايىل تىلىۋالدى خوتەنگە يېتىپ كېلىپلا، شۇكۈنى چۈشتىن كېيىن خوتەندىكى ھەردەرىجىلىك قورچاق ئەمەلدارلارنى توپلاپ جىددى يىغىن ئېچىپ، « ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم » نىڭ يولىيورۇقىنى يەتكۈزگەن. ئىسمايىل تىلىۋالدى يىغىندا سۆزقىلىپ مۇنداق دىگەن:

« خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مۇقىملىقى - خوتەن شەھرىگە باغلىق. شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى - خوتەن ۋىلايىتىگە باغلىق. مەن خوتەن ۋىلايىتىگە بۇنىدىن بۇرۇنمۇ ئىككى قېتىم كەلگەن، ئەمما بۇقېتىم ۋەزىيەت بۇرۇنقىدىن خېلىلا مۇرەككەپ ئىكەن. دىنى ئەسەبى كۈچلەر ئاشكارە ھالدا پارتىيە - ھۆكۈمەتكە، خەلق ساقچىلىرىمىزغا قوراللىق ھۇجۇم باشلاپتۇ. مەن كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇرغۇن ئىشلار يۈزبەردى. مەسىلەن، سىدە تۈۋۈى مەسجىدىدە ( بەيتۇللا مەسجىدىنى دىمەكچى ) ئاشكارە غازات تەشۋىق قىلىندى، ئۇرباغ ساقچى پونكىتىنىڭ باشلىقى باشقىلار تەرىپىدىن قاتتىق زەخمىلەندۈرۈلۈپ، دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى، ۋەزىيەت بەكلا جىددى. بۇنىڭغا ھەممىمىز جىددى قارىشىمىز،دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تېنچ كۆتۈۋېلىشىمىز لازىم » .

ئىسمايىل تىلىۋالدى بۇقېتىمقى يىغىندا يەنە تەكىتلەپ مۇنداق دىگەن:

« ھەممىمىزنىڭ ئىدىيىسىدە « چوڭ ئىش چىقىدۇ » دىگەن تەييارلىق بولۇشى، ھەرزامان مىللى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلاربىلەن كۈرەش قىلىشقا تەييار تۇرۇشىمىز لازىم. ئەڭ چوڭ خەۋپ - يەنىلا قانۇنسىز دىنى پائالىيەتتىن كېلىدۇ. نورمال دىنى پائالىيەت بىلەن قانۇنسىز دىنى پائالىيەتنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىشىمىز، دىنىنىڭ دۆلەتنىڭ قانۇن - ئىنتىزام، سىياسەت ۋە نىكاھ، مائارىپقا ئارىلىشىشىغا يول قويماسلىقىمىز لازىم. ۋەتەنپەرۋەر دىنى زاتلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، پارتىيىنىڭ دىنى سىياسىتىنى تولۇق تەشۋىق قىلىشىمىز لازىم. كۈرەش ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، بۇ، بىز ئۈچۈن چوڭ غەلىبە، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئېھتىياتچانلىقنى يوقۇتۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، كۈرەش شايىكىلىرى يەنىلا ھەرىكەت قىلماقتا، ئۇلارنىڭمۇ چوڭ ئىش چىقىرىش ئېھتىماللىقى بار. گەرچە كۈرەش ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ شايىكىلىرى ياسىغان، ئىشلىتىۋاتقان بومبا - قوراللار تېخى تولۇق قولغا چۈشكىنى يوق، بۇنىڭ ئۆزى چوڭ بىر خەۋپ. ھۆكۈمەت خادىملىرى قەتئى دىنغا ئىشەنسە بولمايدۇ، ئەگەر ھۆكۈمەت خادىملىرىدىن ناماز ئوقۇغان، دىنى پائالىيەتلەرگە قاتناشقانلار سېزىلىپ قالسا قاتتىق بىرتەرەپ قىلىش لازىم ».

بىز، قورچاق ئەمەلدار ئىسمايىل تىلىۋالدىنىڭ يۇقارقى سۆزلىرىدىن. نۆۋەتتە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سىياسى ۋەزىيىتىنىڭ نەقەدەر بىر جىددى باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىنى ۋە خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ نەقەدەر غالجىرلاشقانلىقىنى روشەن ھالدا تولۇق ھېس قىلىۋالالايمىز.

# جاڭ زېمىنغا ئوچۇق خەت

مەزكۇر خەت ئاۋۇستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيتى نامىدىن يېقىندا ئاۋۇستىرالىيەنىڭ پايتەختى سىدنېيدا خىتاي دائىرلىرىگە تاپشۇرۇلغان.

جانابى رەئىس:

ئالدى بىلەن ئاۋېستىرالىيەدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستان جامائەتچىلىكى سىزنىڭ ئاۋېستىرالىيەگە قىلغان رەسمى زىيارىتىڭىزنىڭ مۇۋاپىقىيەتلىك بولۇپ، بىر مىليارت 200 مىليون خىتاي خەلقى، بولۇپمۇ دۆلىتىڭىزنىڭ ئىستىلاسىدا تۇرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ھەم ئىچكى موڭغولىيە خەلقلىرىگە ئېجابى ئۆزگۈرۈشلەرنى ئېلىپ كېلىشنى ئۈمىت قىلىمىز.

ئاۋېستىرالىيەدە ياشاۋاتقان بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلار سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستان ( ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى) دىن ئون نەچچە مىڭ كىلومېتىرلاپ يىراقلاردا تۇرساقمۇ، ۋەتەندە يۈز بېرىۋاتقان پاجىئەلىك ئەھۋاللارنى يېقىندىن كۆزەتمەكتىمىز.

1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى دېكتاتور ستالىنىنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە قىلغان ساتقىنلىقى ۋە خىيانىتى بىلەن دۆلىتىڭىز قانۇنسىز ھالدا شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالدى.

1955 ـ يىلى ھۆكۈمىتىڭىز شەرقىي تۈركىستان خەلقى ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىنى ئالداپ، « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى » دىگەن سىياسى قىلتاقنى تىكىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ۋەدە قىلىنغان كۆپ ھوقۇقلارنىڭ ھېچقايسىسى ئەمەلگە ئاشمىدى، ئەكسىچە، ھۆكۈمىتىڭىز شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە زۇلۇم قىلىشتا بۇرۇنقى مىللەتچى خىتاي ھۆكۈمرانلىرى، گومىنداڭلاردىنمۇ ئېشىپ چۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارشى 50 ـ يىللاردىن باشلاپ ئاخىرى ئۈزۈلمىگەن جازا يۈرۈشلەرنى باشلاپ، مىللى تازىلاش ئېلىپ بېرىپ، 1 مىليوندىن ئوشۇق سابىق مىللى ئارمىيە جەڭچى ـ ئوفىتسىرلەر، ۋەتەنپەرۋەر زىيالى ۋە مەشھۇر ئەربابلار، دىنى ئالىملىرىمىز، ئىشچى ـ دېھقان، ئوقۇغۇچىلىرىمىزنى قىردى. يېرىم مىلليۇندىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۆز ۋەتىنىنى تەرىك ئېتىپ، ھەر خىل يوللار بىلەن قوشنا مەملىكەتلەرگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىندى. ئەنە شۇ يىللاردىن باشلاپ، 10 مىليونلاپ خىتاي كۆچمەنلىرىنى مەجبۇرى شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈپ چىقىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك ئاھالىسىنىڭ %90 تىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلغان ئۇيغۇرلار، ئۆز ۋەتەنلىرىدە ئاز سانلىقلارغا چۈشۈرۈلدى.

80 ـ يىللاردا رەسمى باشلانغان تۇغۇتنى مەجبۇرى چەكلەش سىياسىتىنى دەھشەتلىك ئۇسۇللار بىلەن قوللۇنۇپ، 5 مىليوندىن ئوشۇق بوۋاقلار ئوكول ھەم ئاپىراتسيە بىلەن ئۆلتۈرۈلدى، ئۇيغۇرلارنىڭ نورمال يىللىق ئۆسۈشى توختاپ، ئازىيىشقا قاراپ ماڭدى. 1964 ـ يىلى لوپنۇردا باشلانغان ھەم 46 قېتىملىق ئاتوم سىناقلىرى نەتىجىسىدە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر، سۇ، ھاۋاسى، بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، پۈتۈن موھىتى بۇلغۇنۇپ، ئاتوم رىئاكتىپ نۇرلىرىنىڭ زەھەرلىشى بىلەن 250 مىڭدىن 260 مىڭغا قەدەر شەرقىي تۈركىستانلىقلار دۆلىتىڭىز ئېلىپ بارغان ئاتوم سىناقلىرىنىڭ گۇناھسىز قۇربانلىرى بولدى. سىزنىڭ « بېيجىڭ » ماركىلىق « ئاپتونومىيە » ڭىز، بېيجىڭ بەلگىلىگەن بىر قانچە قورچاق مۇناپىقلارنىڭ شەخسى مەنپەئەتلىرىنى دېمىگەندە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاۋام خەلقىگە ھېچ نەرسە بەرگىنى يوق. %90 تىن كۆپرەك ھەر دەرىجىلىك يەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ھەربى ئورۇنلارنىڭ ھوقوقىنى تېخى تۈنۈگۈنلا شەرقىي تۈركىستانغا چىققان خىتاي كۆچمەنلىرى ئىگەللىگەن، يەرلىك خەلقتە ھېچقانداق ھوقوق يوق!

شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر ئاستى ـ يەر ئۈستى بايلىقلىرى بېيجىڭنىڭ ماناپولىيەسىدە بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ 90 پىرسەنتتىن كۆپرەگى كەمبەغەللىكنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىدە ياشايدۇ. يەرلىك خەلق ئۆزىنىڭ قولىدىكى بارلىق ھوقوق ـ ئىمكانىيەتلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى.

بۈگۈن سىزنىڭ كوممۇنىست دېكتاتورلىقىڭىزدىكى دۆلىتىڭىز شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى جىسمانى ۋە روھى جەھەتتىن يوقۇتۇش نىشانىغا ئايلاندۇردى. سىزنىڭ دۆلىتىڭىزنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر بىر يېرىدە، تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھالىرىدە دۆلىتىڭىز تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارىتا سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائي، مەدىنى ـ مارىپ، دىن، ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئۆرپ ـ ئادەت، روھى ۋە جىسمانى تەرەپلىرىدىن ئومومى يۈزلۈك، سېستىمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەم ئاتىسمىلاتسىيەسىنى ئاساس قىلغان دۆلەت تېرورىنى يۈرگۈزىۋاتىدۇ.

جانابى رەئىس، سىزگە مەلۇمكى، 1996 ـ يىلى 19 ـ مارت، جۇڭگو كومپارتىيەسى مەركىزى كومىتېتى سىياسى بىيروسى سىزنىڭ رىياسەتچىلىكىڭىزدە « شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش » دىگەن ھەر بىر خېتىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان 7 ـ نومۇرلۇق قەتئى مەخپى ھۆججەتنى تارقاتتى. بۇ ھۆججەتنىڭ تارقىتىلىشى بىلەن، ھۆكۈمىتىڭىزنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارشى يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان ئىرقى قىرغىنچىلىق ھەم ئاتىسمىلاتسيەسىنى ئاساس قىلغان دۆلەت تېرور سىياسىتىڭىزنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلىشىگە ئۆز قولىڭىز بىلەن يېشىل چىراق يېقىپ بەردىڭىز. 1996 ـ يىلى ئاپرېلدىن باشلاپ، «100 كۈنلۈك قاتتىق زەربە بېرىش» ھەركىتى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ھەركەتنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىجراسى ئىنتايىن دەھشەتلىك بولدى، ئۇنداق 100 كۈندىن تالايلىرى ئۆتتى. قان تۆكۈش تېخى توختىغىنى يوق. ھۆكۈمىتىڭىز، 96 ـ يىلى باھاردا شەرقىي تۈركىستاننىڭ 15 ۋىلايەت، رايۇنلىرىدا 65 مىڭ كىشى قاتناشقان ئاممىۋى نامايىشلارنى دۆلىتىڭىزنىڭ ئاساسى قانۇنلىرى ئاساسىدا تېنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنىڭ ئورنىغا، قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلىشقا بۇيرۇق بېرىپ، ئۇنى قانغا پاتۇردىڭىز، يەنە ئاز ئۆتمەي، 1997 ـ يىلى 5 ـ ، 6 ـ فېۋرال رامىزان ۋاقتىلىرىدا غۇلجىدا نورمال دىنى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان ۋەتەنداشلىرىمىز ھۆكۈمىتىڭىز دائىرلىرى تەرىپىدىن قانۇنسىز قولغا ئېلىندى. ساقچىلار مەسچىتلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، ناماز ئۆتەۋاتقان موسۇلمانلاردىن ئىككىنى ئۆلتۈردى، دىنى تەلىم ئېلىۋاتقان موسۇلمان ئاياللىرىنى قانۇنسىز تۇتۇپ، ئۇلارنى ئاياق ـ ئاستى قىلىشتى، بۇنىڭغا چىدىمىغان بىر قانچە مىڭ قولىدا تۆمۈرنىڭ سونىقى يوق ئاددى خەلق ئۆز دەردىنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرلىرىنىڭ ئالدىغا بارغاندا، 10 مىڭلىغان ساقچى، ھەربى قوشۇنلىرىڭىزنى ئىشقا سېلىپ، خۇددى ئىنتايىن قاباھەتلىك دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندەك، تىك ئۇچار ئايرۇپىلان، بەردە تانكا، بىرونىۋىكلار بىلەن تېنچ ئاممىغا ئوت ئېچىشقا بۇيرۇق بەردىڭىز. يۈزلەپ ياشلىرىمىزنى قىردىڭىز، يالغۇز شۇ كۈنىلا كىچىككىنە غۇلجا شەھرىدىن 5000 دىن ئارتۇق ئادەم قولغا ئېلىندى. شۇ كۈندىن باشلاپ شەرقى تۈركىستاندا ھەربى ھالەت ئېلان قىلىپ، نەچچە مىڭلاپ گۇناسىز ئىنسانلار قولغا ئېلىندى. خىتاينىڭ ھېچقايسى يېرىدە سىياسى جىنايەتچىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلمەيدۇ. پەقەت شەرقىي تۈركىستاندا ئوچۇق سوت قىلىنىپ، « مىللى بۆلگۈنچى » . « تېرورىست » ھەم « دىنى ئەكسىيەتچى » دىگەن بەتناملار بىلەن 200 دىن ئوشۇق ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى، مەخپى ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سانى بۇنىڭدىن بىر قانچە ھەسسە كۆپ. مىڭلىغان ياشلارنىڭ ھازىرغىچە ئىز ـ دېرىكى يوق. بالىلارنىڭ، ئورۇق ـ تۇققانلىرىنىڭ سورىغىنى قىلغانلارغا يارەملىشىشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارنى قاتتىق جازالاپ تۈرمىلەرگە قاماۋاتىدۇ....

نىمە ئۈچۈن بۇ قالايمىقانچىلىقلار يۈز بېرىدۇ ھەم تۈگىمەيدۇ؟

ئەلۋەتتە، سىزنىڭ ھۆكۈمىتىڭىز :« بىر ئوچۇم مىللى بۆلگۈنچىلەر، تېرورىستلار ھەم دىنى مۇتەئەسسىپلەر قالايمىقان چىقىرىۋاتىدۇ » دەپ، ئۆز جىنايىتىنى باشقىلارغا دۆڭگەشكە ئۇستا. دۆلىتىڭىز يۈرگۈزىۋاتقان دۆلەت تېرور سىياسىتىڭىزگە، پارتىيىڭىزنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتىگە ۋە بۇ سىياسەتلەرگە خاتىمە بېرىلمەيدىكەن، شەرقىي تۈركىستاندا ھېچ قاچان مۇقىملىق مەيدانغا كەلمەيدۇ.

شەرقىي تۈركىستان خەلقى دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ئىنسان ھوقوقى، دېموكراتىيە ھەم ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقوقىغا ئېرىشىش ھەققى بار.

سىزنىڭ ھۆكۈمىتىڭىز داۋاملىق ھالدا ئۆكتەملىك بىلەن « شىنجاڭ تاش دەۋرىدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى » دەپ جاكارلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۆزىنىڭ مىللى مەدىنيەت ۋە تارىخى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ھېچقاچان خىتاينىڭ بىر پارچىسى بولغان ئەمەس، ئۇ پەقەت بۈگۈنكى كوممۇنىستىك خىتاي ئىمپىريەسىنىڭ مۇستەملىكە ئۆلكىسىدۇر، خالاس! سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىزگە مەجبۇرى تېڭىلغان « شىنجاڭ » دىگەن خىتايچە ئىككى خەتنىڭ ئۆزىلا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ قانۇنسىز ئىستىلا قىلىنغان مۇستەملىكە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان پولاتتەك پاكىت ئەمەسمۇ؟

( داۋامى 6 ـ بەتتە

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسيون مەركىزى » نەشر قىلدى

# جاڭ زېمىنغا ئوچۇق خەت

( بېشى 5 - بەتتە )

كوممۇنىستىك خىتاي دائىرلىرىنىڭ ئاغزى بويىچە ئېيتقاندا ، ئىنسان ھوقوقى، دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش - غەربچە ئۇقۇم بولۇپ، ئۇنى خىتايغا تەدبىق قىلىشقا ئىمكانىسىز ئىمىش، لېكىن، ئىنسان ھوقوقى، دېموكراتىيە پىرىنسىپلىرى - ئىرقىي كېلىپ چىقىشى ۋە دۆلەت چېگرالىرىدىن قەتئىي نەزەر، دۇنيا ئىنسانلىرى ئۈچۈن ئورتاق خەلقارا قانۇنغا ئايلىنىپ قالدى سىزنىڭ 3 يېرىم يىل بۇرۇن تارقاتقان 7 - نومۇرلۇق قەتئىي مەخپىي ھۆججىتىڭىز ئارقىلىق، بىر بۇيرۇقتىلا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى دۇنيا جامائەتچىلىككە بىلدۇرمەي، ئۈن - تۈنسىز ئوجۇقتۇرۇپ، « شىنجاڭ » دەپ ئاتالمىش بۇ مۇستەملىكىڭىزنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلايمەن، « شىنجاڭ » ( شەرقىي تۈركىستان ) مەسلىسىنىڭ خەلقئارالىششىنىڭ ئالدىنى ئالىمەن » دەپ چوتنى خاتا سوقتىڭىز، سىزنىڭ دىگىنىڭىزدەك بولمىدى ھەم بولمايدۇ . 10 مىڭلىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مۇستەققىللىق ھەم ئەركىنلىك ئۈچۈن تۆكۈلگەن مۇبارەك قانلىرى « شىنجاڭ » ئاتلىق تۆمۈر قەپەزنى بۆسۈپ چىقىپ ئايان قىلدى، خەلقارالىق كەچۇرۇم تەشكىلاتى بۇ يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنىگىچە شۋېتسارىيەنىڭ پايتەختى جەنۋەدە ئۆتكۈزۈلگەن « بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومۇتېتىنىڭ 55 - قېتىملىق ئومومى يىغىنى » غا، كوممۇنىستىك خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرىگە قىلغان تاجاۋۇزچىلىقىغا ئائىت 92 بەتلىك ئومومى دوكلات سۇندى . بۇ دوكلات يىغىن جەريانىدا يىغىنغا قاتنىشۋاتقان 100 دىن ئارتۇق دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىگە، دۇنيادىكى بارلىق خەلقارا تەشكىلاتلارغا، ھەر قايسى ئەللەرنىڭ پارلامىنتلىرىغا كەڭ دائىرىدە تارقىتىلدى. خەلقئارا كەچۇرۇم تەشكىلاتىنىڭ بۇ جەسۇرانە ھەققانى ھەرىكىتىگە تۈگۈمەس ئاپىرىنلارنى ئوقۇيمىز .

جانابى رەئىس ، ئەمدى قانچە قىلسىڭىزمۇ شەرقىي تۈركىستان داۋاسى سىزنىڭ تۆمۈر پەنجىڭىزدىن ئەركىن قۇشتەك ئۇچۇپ چىقتى ، ئۇ بۈندىن كىيىن پۈتۈن دۇنيا دا يېڭىچە پەرۋاز قىلغۇسى ! سىزنىڭ زوراۋانلىققا ، قانۇنسىزلىققا ، دىكتاتورلۇققا، ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە مىللى كەمسىتىشكە تايانغان سىياستىڭىز زاماندىن بەك ئارقىدا قالدى . قارىماسىز، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەققىللىق « باش ئاغرىقى » دىن قۇرتۇلالماي تۇرسىڭىز، 100 مىليون مۇرتى بار فالۇنگۇڭچىلار پۈتۈن خىتاي بويىچە فاشىستىك ھاكىمىتىڭىزنىڭ بېشىغا بالا بولىۋاتىدۇ . جۇڭگولۇقلارغا سىز دىگەندەك ئىنسان ھوقوقى، دېموكراتىيە ھوقوقلىرى ماس كەلمەيدۇ ئەمەس، مايدەك ياقىدۇ، خىتايلار، ئۇيغۇرلار، تىبەتلىكلەر، موڭغۇللارغا ئەق كېرىكى - دەل سىز ئىنكار قىلىۋاتقان ئىنسان ھوقوقى، دېموكراتىيە ۋە ئۆزتەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىشلاردۇر، بۇنىڭسىز دۆلىتىڭىز 2 - يۇگوسلاۋىيەگە ئايلىنىدۇ.

جانابى رەئىس، دۇنيا زور ئۈمىت بىلەن 21 - ئەسىر قاپقىقىنى ئۈنلۈك قېقىۋاتىدۇ.21 - ئەسىر - دۇنيادا ئىنسان ھوقوقى، دېموكراتىيە ۋە ئۆزتەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش پىرىنسىپلىرى ئالەمشۇمۇل غەلىبىگە ئېرىشكەن ئەسىر بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سىز ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرپ مەملىكەتلىرىدە ، بۇقېتىم ئاۋۇستىرالىيەدە رەسمى دۆلەت زىيارىتىدە بولۇپ، بۇ مەملىكەتلەردىكى يۈزلىگەن مىللەتلەرنىڭ تەڭ - باراۋەرلىك ئاساسىدا دوستانە ياشاپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللى مەدىنىيەت، تارىخى مىراسلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇپ، ئەركىن - ئازادە ياشاۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈۋاتىسىز. بىرچوڭ دۆلەتنىڭ رەئىسى سۈپىتىدە شۇنى چۈشۈنۈۋېلىشىڭىز كېرەككى، پۈتۈن دۇنيا مىللەتلىرىگە ئورتاق بولغان ئىنسان ھوقوقى، دېموكراتىيە ۋە ئۆزتەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش - كوممۇنىستىك دىكتاتورا ئاستىدا قالغان شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا سۇ بىلەن ھاۋادەك كېرەك. بىز سىزدىن شۇنى تەلەپ قىلىمىز.

« ئاۋۇستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيتى »
1999 - يىلى ئاۋغۇست ( لېۋرپول - سىدنېي )

# « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى ». نىڭ ۋەتەن ھەققىدىكى ئارخىپ ئامبىرى ئۈزلۈكسىز بېيىماقتا

ئۆزخەۋرىمىز: مەركىزى ئورگىنى گىرمانىيەنىڭ ميونخىن شەھرىگە جايلاشقان « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » قۇرۇلغان 1996 - يىلدىن بۇيان، ۋەتەن بىلەن بولغان مەخپى ئالاقە ۋە ئاخبارات لېنىيەسىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە كۈچەيتىپ، ئىنفورماتسىيون مەركەزنىڭ ئانا ۋەتەن ھەققىدىكى ئارخىپ ئامبىرىنى بېيىتىش ئارقىلىق، مىللى داۋايىمىزنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە پاكىتلىق ۋە دەلىل - ئىسپاتلىق ئاڭلىتىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس ياراتتى. ھازىرغا قەدەر ئىنفورماتسىيون مەركىزىنىڭ ئارخىپ ئامبىردا خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى قورچاق ھۆكۈمەتنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ تۈرلۈك ساھەلىردە يۈرگۈزىۋاتقان سىياسەتلىرىگە ئائىت 100 خىلدىن ئارتۇق ھۆججەت - ماتىرياللىرىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھۆكۈمنامىلىرى، ھۆكۈمەتنىڭ « بەلگىلىمە »، « نىزام » ، ئېلان ۋە ئۇختۇرۇشلىرى، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان 500 خىلدىن ئارتۇق ھەرخىل كىتاپ - ژورناللار ( بۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپ قىسمى ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا تارقىتىلغان ئارخىپ خارەكتىرلىق كىتاپلاردىن ئىبارەت )، نەچچە يۈز پارچە قوليازما ئەرىز - شىكايەت ۋە ئىنكاسلار ساقلانماقتا. ئۇندىن باشقا بۇ ئارخىپ ئامبىردا يەنە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۈرلۈك ساھەلىرى ئەكسىنەتتۈرۈلگەن مىڭ پارچىدىن ئارتۇق مەخپى ۋە ئاشكارە فوتو رەسىملەر ( بۇلارنىڭ ئىچىدە « بارىن ۋەقەسى » . « خوتەن ۋەقەسى ». « غۇلجا ۋەقەسى » غە ئوخشاش تارىخى سىياسى ۋەقەلەر ئەكسىنەتتۈرۈلگەن مەخپى رەسىملەر ۋە بىرقىسىم سىنئالغۇ كاسېتلىرىمۇ بار ) ساقلانماقتا.

ئابدۇجېلىل قاراقاش رىياسەتچىلىكىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » يۇقارقى ئارخىپ خارەكتىرلىق ماتىرىياللارنى قولغا چۈشۈرۈشتە ئىنتايىن زور ماددى ۋە مەنىۋى بەدەل تۆلىدى. ھازىرغا قەدەر « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » دە توپلانغان بۇ ماتىرىياللاردىن كۆپلىگەن خەلقئارالىق تەشكىلاتلار ۋە دۇنيا مەتبۇئاتلىرى بىۋاستە پايدىلاندى. ئىنفورماتسىيون مەركىزى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ بۇ ماتىرىياللاردىن پايدىلىنىشىنى قولايلاشتۇرۇش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستانغا ئائىت مىڭ پارچىغا يېقىن رەسىمنى ۋە بەزى موھىم دەپ قارالغان ئارخىپ - ماتىرىياللارنى دۇنيا ئىنتەرنەت تورى ئارقىلىق تارقىتىپ كەلمەكتە.

ئومومەن قىلىپ ئېيتقاندا. « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » ھازىر تاشقى دۇنيادا شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ئەڭ كۆپ ئارخىپ - ماتىرىيال توپلانغان ئورگاندىن ئىبارەتتۇر.



سۈرەتتە : « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ قۇرغۇچىسى ۋە رەئىسى ئابدۇجېلىل قاراقاش نەيەندى مەركەزنىڭ ئىشخانىسىدا

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

# ئەنۋەرجاننىڭ مىللى ئۇستازلىرىمىزغا يوللىغان مۇراجەتنامىسى

## ئەنۋەرجان كىم؟

« ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئەنۋەرجان 1949 - يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان. 1975 - يىلى گېرمانىيەگە كېلىپ ئورۇنلاشقان ۋە 1975 - يىلىدىن 1995. - يىلىغىچە ئامېرىكا تەرىپىدىن گېرمانىيەنىڭ ميۇنخىن شەھرىدە تەسىس قىلىنغان « ئازاتلىق رادىيوسى » دا خىزمەت قىلغان ۋە كېيىنكى 5 يىلدا بۇ رادىيونىڭ ئۆزبېكچە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇجەرياندا ئۇ، ئامېرىكىنىڭ ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتىدە سىياسى پەنلەر بويىچە مەخسۇس تەلىم ئالغان. ئەنۋەرجان ھازىرغا قەدەر « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » تەشكىلاتىنىڭ غەزىندارى، مۇئاۋىن رەئىسى ۋە رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئەنۋەرجان رادىيودا خىزمەت قىلىش جەريانىدا ئىشتىن سىرتقى ھالدا ئەنگىلىز تارىخچىسى ئاندرېۋ . فوربېسى ئەپەندىنىڭ « شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىستىلاچىلار » ناملىق كىتاۋىنى ئەنگىلىزچىدىن تۈرۈكچىگە تەرجىمە قىلىپ نەشرقىلدۇرۇپ تارقاتقان. ئەنۋەرجان ئەنگىلىزچە، گېرمانچە ۋە تۈرۈكچە تىللاردا يۇقۇرى سەۋىيەگە ئىگە.

تۆۋەندە دىققىتىڭلارغا سۇنماقچى بولغىنىمىز، ئەنۋەرجاننىڭ يېقىندا زىيا سەمەدى، ئابدۇرۇپ مەخسۇم، ھاجى ياقۇپ، ھۇسەيىن قارى ئىسلامى، رەھمىتۇللا ئىنايىتۇللا تۈركىستانى، ئەركىن ئالپتېكىن، غۇلامىدىن ئەخمەت پاختا ... قاتارلىق مىللى ئۇستازلىرىمىزغا شەخسى نامىدا يوللىغان مۇراجەتنامىسىنىڭ تولۇق تېكىستىدىن ئىبارەت:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم كۆپ مۆھتەرەم ئۇستازىمىز XXX ئاكا، ئالدى بىلەن تەنلىرىگە سالامەتلىك، خىزمەتلىرىگە مۇۋاپىقىيەت ۋە ئائىلىلىرىگە بەخت - سائادەت تىلەش بىلەن بىرگە، ياۋروپادا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان بىر شەرقىي تۈركىستانلىق بولۇش سۈپىتىم بىلەن، جاناپلىرىغا تۆۋەندىكى خۇسۇسلاردا بەزى ئارزۇ - ئىستەكلىرىمنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن:

ئۆۋەتتە خەلقىمىز تارتىۋاتقان دەرت - ئەلەم ۋە ئازاپ - ئوقۇبەتلەر ھەممىمىزگە مەلۇم. بۇ مەزلۇم ۋە چارەسىز مىللىتىمىزگە باشپانا بولىدىغان بىرەر دۆلەت ياكى بىرەر تاشقى كۈچ بولمىغىنىدەك، دەردىمىزنى ۋە بېشىمىزغا كېلىۋاتقان بۇ كۈلپەتلەرنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە لايىقىدا ئاڭلىتىدىغان ئۆزىمىزنىڭ ھەممە ئېتىراپ قىلغان خەلقئارالىق بىر تەشكىلاتىمىز ھەم يوق. ۋەتەن ئىچىدە بولسا خەلقىمىزنىڭ. بولۇپمۇ ياشلىرىمىزنىڭ ئىسسىق قانلىرى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن ناھەق ئېقىتىلىۋاتىدۇ!

مانا مۇشۇنداق شارائىتتا، پېشقەدەملىرىمىزنىڭ، مىللى رەھبەرلىرىمىزنىڭ، زىيالىلىرىمىزنىڭ ۋە شۇنداقلا تاشقى دۇنيادا ياشاۋاتقان بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ بىرنىيەت، بىرمەقسەتتە بولۇپ، ھەرقانداق شەخسى مەنپەئەتلىرىنى بىرچەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆزئارا بىرلەشكەن ھالدا ئوپۇزلۇق بىر خەلقئارالىق تەشكىلاتىمىزنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ۋە ئۇنىڭغا قولدىن كېلىشىچە ھەسسە قوشۇش - ھەممىمىزنىڭ مىللى، دىنى ۋە ۋىژدانى بۇرچىمىزدىن ئىبارەت دەپ قارايمەن.

گېرمانىيەدىكى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى »، ئەنەشۇ غايە ۋە مەقسەت بىلەن، 1998 - يىلى دېكابىردا ئىستانبۇلدا ئاساس سېلىنغان « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزى » تەركىۋىگە كىردى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلۇشتىن بۇرۇن، تاشقى دۇنيادىكى بارلىق تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ، پېشقەدەم شەخسلىرىمىزنىڭ قاتنىششى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان ئومومى قۇرۇلتاي ئارقىلىق بۇ مىللى مەركەزنى رەسمىلەشتۈرۈش كېرەكلىكىنى ئاساسى شەرت قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى. « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » ئەنەشۇ شەرت ۋە تەلەپكە بىنائەن مىللى مەركەز تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان شەرقىي تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيىغا ساھىپخانلىق قىلىۋاتىدۇ.

1992 - يىلى ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك مىللى قۇرۇلتىيىمىزنىڭ نىمە سەۋەپلەردىن مۇۋاپىقىيەتكە ئېرىشەلمىگەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان. بۇقېتىمقى 2 - قۇرۇلتىيىمىزنىڭ تولۇق ئوتۇقلۇق بولۇشى، خەلقىمىزگە ناھايىتى زور ئۈمىت ۋە ئىشەنچ بەخش ئەتكۈسى.

جاناپلىرىغا مەلۇم بولغايكى، « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ بۇقېتىمقى قۇرۇلتايغا ساھىپخانلىق قىلىشىدىكى تۈپ مەقسىدى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. مۇھاجىرەتتىكى ھەممە تەشكىلاتلىرىمىزنى ئېخچىمۇ يېقىنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛

2. بىرقانچە يىللىق مۇزاكىرىلەر ۋە تىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە ۋۇجۇتقا چىققان مىللى مەركەزنى تولۇق سالاھىيەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئۇنى ئەمەلى ئىش قىلىدىغان بىر ئورگانغا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىش؛

3. خەلقئارا سەھنىلەردە خەلقىمىزگە تولۇق ۋەكىللىك قىلالايدىغان ئەڭ قابىلىيەتلىك، سالاھىيەتلىك ۋە كۆپچىلىك تەرىپىدىن كۆڭۈلدىن ئېتىراپ قىلىنغان بىر مىللى رەھبىرىمىزنى بۇ مىللى ئورگىنىمىزغا باش قىلىپ تىكلەشنى قولغا كەلتۈرۈش؛

4. بۇ مىللى ئورگىنىمىزنىڭ خىراجەتلىرىنى قامدىيالايدىغان بىر مىللى فوند قۇرۇپ چىقىش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشتىن ئىبارەتتۇر.

خەلقىمىزنىڭ ئەھۋالى، بىزنىڭ شارائىتىمىز ۋە قىلماقچى بولغان ئىشىمىز تولىمۇ ئېغىر.

جاناپلىرىغا مەلۇم بولغىنىدەك. مۇھاجىرەتتە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى خەلقىمىزنى يېتەكلەپ مىللى مۇجادىلە قىلىپ كەلگەن پېشقەدەم رەھبەرلىرىمىزنىڭ كۆپى بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتتى ۋە جاناپلىرىغا ئوخشىغان بىرقانچىلا مىللى ئۇستازلىرىمىز ھاياتتا قالدى. شۇڭا جاناپلىرىدەك پېشقەدەملىرىمىزنىڭ پىكىر - مەسلىھەتى. يېتەكچىلىكى ۋە ھىمايىسى ئاستىدا . خەلقىمىزنىڭ ساداسىنى ئەركىن دۇنياغا ئۇيغۇزىدىغان كۈچلۈك. ئۇنۇملۈك . پائالىيەتچان ۋە نوپۇزلۇق بىر مىللى قۇرۇلتاي ئورگىنىنى بارلىققا كەلتۈرۈش - ئەلۋەتتىكى جاناپلىرىنىڭ ھازىرغىچە ئېلىپ بارغان مىللى خىزمەتلىرىنى يەكۈنلەيدىغان، شېھىتلىرىمىزنىڭ روھىنى خوش قىلىدىغان. خەلقىمىزگە زور ئۈمىت بېرىدىغان ۋە بۇنىڭدىن كېيىن پېشقەدەملىرىمىزگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ياشلىرىمىزغا غەيرەت بېرىدىغان تارىخى بىر يېڭىلىق بولغۇسى!

ئۆزەم ئۆمرۈمنىڭ كۆپ قىسمىنى مۇھاجىرەتتە ئۆتكۈزگەن بىر ئۇيغۇر ئەۋلادىمەن، ئەلۋەتتىكى مەن ھېس قىلالمىغان كۆپ نەرسىلەر بار. مىللى داۋا ھەققىدە جاناپلىرى بىلگەن ھەر نەرسىنى مېنىڭ بىلىشىم ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، ئەمما مېنىڭ ھېس قىلغىنىم. خەلقىمىزنىڭ قىيىنىڭ ھەقسىز ھالدا ئېقىتىلىۋاتقانلىقى، بۇ ھەقسىزلىقلارنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە دەل ۋاقتىدا ئاڭلىتىشنىڭ تولىمۇ زۆرۈر ۋە جىددىلىكى. بۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئومومى بىر تەشكىلاتقا قەتئى مۇھتاج ئىكەنلىكىمىز ۋە جاناپلىرىنىڭ قوللىشى ۋە يار - يۆلىكى ئاستىدا بۇ ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرالايدىغانلىقىمىزدىن ئىبارەتتۇر. ئەلۋەتتىكى مەن بايان قىلىپ ئۆتكەن بۇ خۇسۇسلار جاناپلىرىنىڭ مەندىن ياخشىراق بىلىدىغانلىقلىرىغا ئىشەنچەم كامىل. جاناپلىرىنىڭ بۇ خۇسۇسلار ھەققىدە قايغۇرۇۋاتقانلىقلىرى، چارە - تەدبىرلەرنى ئىزدەپ كېلىۋاتقانلىقلىرى ۋە ئۆز ئىمكانلىرى دائىرىسى ئىچىدە تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ كەلگەنلىكلىرى بىزلەرگە مەلۇم. مېنىڭ جاناپلىرىغا يۇقارقىلارنى بايان قىلىشىمدىكى تۈپ مەقسەت، ھەربىرلىرىدەك پېشقەدەملىرىمىزگە بىزگە ئوخشىغان كېيىنكى ئۇيغۇر ئەۋلاتلىرىنىڭمۇ ۋەتەن - مىللەتنىڭ ئىستىقبالىدىن قايغۇرىۋاتقانلىقنى ئىزاھلاپ ئۆتۈشتىن ئىبارەت. خالاس!

جاناپلىرىدىن ئىستىگىم شۇكى. ئۆزلىرىنىڭ « شەرقىي تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى » تەييارلىق كومۇتېتىغا يېتەكچىلىك قىلىشلىرىنى. يوليورۇق كۆرسۈتۈشلىرىنى، تەكلىپ - پىكىر ۋە مەسلىھەت بېرىشلىرىنى. كامچىلىقلارنى تولۇقلاشقا يار - يۆلەكتە بولۇشلىرىنى، بولۇپمۇ جاناپلىرىنىڭ قۇرۇلتايغا شەخسەن قاتنىشىپ بېرىشلىرىنى ۋە بىزنىڭ پېشقەدەم ئۇستازىمىز بولۇش سۈپەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ مەسئۇللىرى ۋە جامائەت ئەرباپلىرىمىز بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىمۇ بۇقېتىمقى قۇرۇلتايغا تولۇق قاتنىششقا دالالەت قىلىشلىرىنى ئۈمىت قىلىمەن.

شۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىلكى. جاناپلىرىنىڭ قوللىشى ۋە يېتەكچىلىكى ئاستىدا . ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق تەشكىلاتلىرىمىزنى ۋە مىللى رەھبەرلىرىمىزنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان، خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان پائالىيەتچان بىر مىللى ئورگىنىمىز جەزمەن ۋۇجۇتقا چىققۇسى.

هۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلەن:
ئەنۋەرجان
1999 - يىلى 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ( گېرمانىيە - ميۇنخىن )



« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

« ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ » ( ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرىدىن )

# ئۇچقۇن

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشىر قىلدى

1999 - يىلى 9 - ئاي
25 - سان
گېرمانىيىدە نەشىر قىلىندى
Eastern Turkistan
Information Center

ھەپتىلىك سىياسىي - ئىلمىي
گېزىت
گېزىتىمىز 1999 - يىلى
3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن
ئېتىبارەن نەشىر قىلىنماقتا

## ختاي ھۆكۈمىتى قاراقاش ناھىيىسىگە بىر دىۋىزىيە ئەسكەر يۆتكەپ كىردى

ئالاھىدە مۇخبىرىمىز ئۇچقۇننىڭ بۇيىل 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ۋەتەندىن بىۋاستە يوللىغان خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ختاي ھۆكۈمىتى خوتەندىكى « كۈرەش مۇجاھىتلار گۇرۇپپىسى » دىكى شىرلەلى قاتارلىق بىرقانچە ئەزىمەتنى قاراقاش ناھىيىسىگە يوشۇرۇنۇۋالغان دەپ گۇمان قىلىپ، بۇيىل 9 - ئاي كىرگەندىن بۇيان كۆپلىگەن ساقچى ۋە ژاندارمىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، قاراقاش ناھىيىسىدە ئومۇمىي يۈزلۈك ئاختۇرۇپ تۇتۇش ھەرىكىتى باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما ھېچقانداق بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. (داۋامى 2 - بەتتە)

## شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى خەلقئارا تەشكىلاتلارغا خوتەننىڭ ئۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە ئومۇمىي دوكلات يوللىدى

ئۆزمۇخبىرىمىز خەۋىرى: يېقىندا مەركىزى ئورگىنى گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھرىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى »، دۇنيا ئىنتەرنەت تورى ئارقىلىق « بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى »، « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى »، « دۇنيا ئىسلام كونفرانسى » . . قاتارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا، ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتىغا ۋە ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مىللىي پارلامېنتلىرىغا خوتەننىڭ ئۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيىتى ھەققىدە ئومۇمىي دوكلات يوللاپ، ئۇلاردىن خوتەن رايونىنىڭ ئۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىگە يېقىندىن دىققەت قىلىشنى ۋە ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ رايوندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى توختىتىشىغا قاتتىق بېسىم ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلدى. ( دوكلاتنىڭ تولۇق تېكىستى گېزىتىمىزنىڭ 5 - بېتىدە )

## ختاي ھۆكۈمىتى خوتەندە قوراللىق جەڭ قىلىۋاتقان كۈرەش مۇجاھىتلار گۇرۇپپىسىنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى

ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار، يېقىندىن بۇيان خوتەندە كۈرەش رەھبەرلىكىدىكى مىللىي مۇجاھىتلار قوشۇنىمىز ختاي ھۆكۈمىتىگە قارشى شىددەتلىك پارتىزانلىق ئۇرۇشى باشلىغان ئىدى، شۇنىڭدىن بۇيان ختاي دائىرلىرى خوتەن رايونىدا جىددىي ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈپ، خوتەننىڭ قاراقاش ناھىيىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئومۇمىي يۈزلۈك تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى باشلىغان ئىدى. ئۆزمۇخبىرىمىز ئۇچقۇننىڭ بۇيىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ۋەتەندىن بىۋاستە يوللىغان خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ختاي دائىرلىرى « كۈرەش مۇجاھىدلار گۇرۇپپىسى » نىڭ قارا تىزىملىكىنى ئېلان قىلغان.
(داۋامى 2 - بەتتە)

## بېيجىڭ شەھرىدە 300 گە يېقىن ئۇيغۇر ياش قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى

ئۆزمۇخبىرىمىز ئابدۇللا پامىرنىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە بەرگەن خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۆۋەتتە بېيجىڭ دائىرلىرى بۇيىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان دۆلەت بايرىمى مۇراسىمىدا بىرەر چاتاق چىقىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، بېيجىڭ تەۋەسىدە ئومۇمىي يۈزلۈك ھالدا ئۇيغۇرلارنى تۇتقۇن قىلىش ۋە ھەيدەش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان. ھازىرغا قەدەر بېيجىڭدا 300 گە يېقىن بىگۇناھ ئۇيغۇر ياش تۇتقۇن قىلىنغان بولۇپ، بۇلار ھازىر بېيجىڭنىڭ شىباخې رايونى ئەن شىلىخۇ دىگەن يېرىدىكى تۈرمىدە قاماقلىق ئىكەن. ( داۋامى 2 - بەتتە )

## خوتەندىكى ختاي دائىرلىرى تارىختا ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ھەشەمەتلىك دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، مىللىي مۇناپىق تۇرسۇنتوختى ئەخمەتنى دوزاققا ئۇزىتىپ قويدى

ئۆزمۇخبىرىمىز ئابدۇللا پامىرنىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە بەرگەن خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇيىل 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ختاي دائىرلىرى خوتەن شەھرىدە تارىختا ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ھەشەمەتلىك دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئۇندىن بىركۈن بۇرۇنقى ( 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كەچتە ) خوتەن شەھرىدە يۈزبەرگەن جەڭدە مىللىي مۇجاھىدىمىز كۈرەش تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئۇيغۇر مۇناپىق ساقچى تۇرسۇنتوختى ئەخمەتنى جەھەننەمگە ئۇزىتىپ قويغان.
( داۋامى 3 - بەتتە )

## شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى تاشقى دۇنيادىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنى ختاينىڭ خوتەندىكى قىرغىنچىلىق سىياسىتىگە قاتتىق ئىنكاس قايتۇرۇشقا چاقىردى

ئۆزمۇخبىرىمىز خەۋىرى: مۇشۇ ئاينىڭ 27 - كۈنى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىغا مۇراجەتنامە يوللاپ، بۇ تەشكىلاتلاردىن ۋە ئۇيغۇر جامائىتىدىن، تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق ختاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئۆۋەتتە خوتەن رايونىدا يۈرگۈزىۋاتقان قىرغىنچىلىق ۋە تۇتقۇن قىلىش سىياسىتىگە جىددىي ئىنكاس قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. (مۇراجەتنامىنىڭ تولۇق تېكىستى گېزىتىمىزنىڭ 3 - بېتىدە )

# خوتەن رايونىدا جاسۇسلار يامراپ كەتتى

ئۆزمۇخبىرىمىز ئۇچقۇننىڭ بۇيىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ۋەتەندىن گېزىتىمىزگە بىۋاستە يوللىغان بىرپارچە قىسقا خېتىدە ئەينەن مۇنداق دەپ بايان قىلىنغان:

« ھازىر خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ ساقچىلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇردى ھەمدە ئۇلارنى يۇخراچە كىيىندۈرۈپ خەلق ئارىسىغا سىڭدۈرۈشكە باشلىدى. ھازىر خوتەندە ھېچكىم ھېچكىمنىڭ گېپىگە ئىشەنمەيدىغان، بالىسى دادىسىدىن گۇمانلىنىدىغان بىرخىل يامان ۋەزىيەت پەيدا قىلماقتا. ئالدىنقى سەپتە مېڭىۋاتقانلار يەنىلا بىزنىڭ ئۇيغۇر مۇناپىق ساقچىلىرىمىز، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شۇنچىلىك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتىكى، « مېنىڭ دادام مىللىي بۆلگۈنچى بولسا، دادامنىمۇ تۇتۇپ بېرىمەن! » دېگەن مۇناپىقلارمۇ بار ئىكەن. ئۇلار يۇخرالارنى ئۆزلىرى گەپكە سېلىپ، ئارقىدىنلا يەنەشۇ ئۆزلىرى بىگۇناھ يۇخرالارنى تۇتۇپ ئەكىرىپ كەتمەكتە (تۈرمىنى دېمەكچى ). خوتەن رايونىدىكى يۇتكۈل ئائىلىلىكلەر قورولىرىدا ھەر 10 ئائىلىلىكنى بىرگۇرۇپپا قىلدى، بىرسىنى يەنەبىرسىگە پايلاقچى قىلىپ قويدى، ھېچكىم بىرئېغىز خاتىرجەم گەپ قىلالمايدىغان شارائىت پەيدا قىلىپ قويدى. جەمئىيەتتىن بەزى يۇلپەرەسلەرنى كۈنلۈكىگە قىممەت باھادا سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى كوچا ئاپتوبۇسى ۋە ئادەم كۆپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللە - بازارلارغا سىڭدۈرىۋەتتى، ئۇلار بەكلا ئەسەبىلىشىپ كەتتى، ئەمما شۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆز مىللىتىمىزدىن چىققان مۇناپىقلار ».

( يۇقارقى ئىنكاس خەتنى قىسقارتماي ۋە قىلچە قەلەم تەگكۈزمەي ئەينەن دىققىتىڭلارغا سۇندۇق. تەھرىردىن )

# خىتاي دائىرلىرى لوپتىكى نامايىشتا تۇتقۇن قىلىنغان مىڭغا يېقىن ئۇيغۇرنىڭ 83 نەپىرىنى رەسمى قولغا ئالدى، قالغانلىرىغا مىڭ يۈەندىن جەرىمانە تۆلىتىپ قويۇپ بەردى

ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار، گېزىتىمىزنىڭ بۇيىل 8 - ئايلىق نومۇمى 20 - ساندا، بۇيىل 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى خوتەننىڭ لوپ ناھىيىسىدە 10 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇرنىڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئالدىدا تېنىچلىق شەكلىدە نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزگەنلىكى ۋە نامايىشتىن كېيىن مىڭغا يېقىن ئۇيغۇرنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بەرگەن ھەمدە گېزىتىمىزنىڭ 24 - ساندا، خىتاي ساقچى دائىرلىرىنىڭ بۇقېتىمقى نامايىشتا تۇتقۇن قىلىنغان 83 نەپەر ئۇيغۇرنى لوپ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئامبىرىغا سولىۋېلىپ قاتتىق قىيناۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدۇق. مۇخبىرىمىزنىڭ بۇيىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ۋەتەندىن بەرگەن ئەڭ يېڭى خەۋىرىگە قارىغاندا، خىتاي دائىرلىرى بۇقېتىمقى نامايىشتىن كېيىن قولغا ئېلىنغان مىڭغا يېقىن ئۇيغۇرنىڭ 83 نەپىرىنى رەسمى قولغا ئېلىپ سوتلاشقا ھازىرلانغان، قالغانلىرىنى بولسا مىڭ يۈەندىن جەرىمانە تۆلۈتۈپ قويۇپ بەرگەن. خىتاي دائىرلىرىنىڭ، يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 600 يۈەنگىمۇ يەتمەيدىغان لوپ ناھىيىسىدىكى بۇ بىگۇناھ ئىنسانلارغا قاراتقان ئىقتىسادى جەھەتتىن زەربە بېرىش تەدبىرى، كۆپلىگەن ئائىلىلەرنى خانىۋەيرانچىلىققا قاراپ يۈزلەندۈرگەن.

# بىر ئۇيغۇر قوغۇنچىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر

ئالاھىدە مۇخبىرىمىز ئۇچقۇننىڭ بۇيىل 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ۋەتەندىن بىۋاستە بەرگەن خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇيىل 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى خوتەننىڭ لوپ ناھىيىسىدىكى بازاردا بىر ئۇيغۇر قوغۇنچى قوغۇن سېتىپ ئولتۇرسا، بىر خىتاي قوراللىق ساقچىسى كېلىپ بىر قوغۇن ئالغان، ئەمما بۇ مەككار خىتاي قوغۇنچىغا بىر قوغۇننىڭ پۇلىنى بېرىپ، 3 قوغۇننى ئوغرىلىقچە كۆتۈرۈپ ماڭغان، ھېلىقى قوغۇنچى بۇ خىتاينى تۇتىۋېلىپ، « نىمىشقا بىر قوغۇننىڭ پۇلىنى بېرىپ 3 قوغۇننى ئېلىپ ماڭىسەن؟ » دەپ سورىغاندا، بۇ مۇتىھەم خىتاي كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، « مانا پۇل ! » دەپ ھۆكۈرەپ، ھېلىقى بىچارە قوغۇنچىنى قاتتىق ئۇرۇپ - تېپىپ ياتقۇزۇپ قويغان، بۇناھەقچىلىقتا چىدىمىغان ئەتراپتىكى خەلق، دەرھال ئولۇشۇپ كېلىپ ھېلىقى خىتاينى تۇتىۋېلىپ قويۇپ بەرمىگەن، شۇنىڭ بىلەن ۋەقە چوڭىيىپ كەتكەن. يەرلىك خەلقنىڭ قوزغۇلۇپ كېتىشىدىن قاتتىق قورۇققان خىتاي دائىرلىرى، ھاپىلا - شاپىلا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مەسئۇللىرىدىن ئابدۇراخمان قۇربانىنى نەق مەيدانىغا ۋەقەنى بىرتەرەپ قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئابدۇراخمان قۇربان بازارغا يېتىپ كېلىپ، ھېلىقى خىتاي ساقچىسىدىن قوغۇنچىغا 600 يۈەن تۆلىتىپ بېرىدىغانلىقى ۋە ساقچىغا قوغۇنچىنى داۋالىتىۋىدىغانلىقى ھەققىدە بازاردىكى ئۇيغۇر ئاممىسىغا ۋەدە بېرىپ، بۇقېتىمقى جېدەلنى ئايرىغان ۋە ھېلىقى مۇتىھەم خىتاينى ئاممىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇپ ئېلىۋالغان. ئەمما خىتاي دائىرلىرى قوغۇنچىغا تۆلەم تۆلەپ بېرىش ۋە ئۇنى داۋالىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەرتىسى بۇ بىچارە قوغۇنچىنى ، « ئادەم توپلاپ مالىمانچىلىق پەيدا قىلغان » دېگەن بۆھتان بىلەن قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغان ۋە ئۇنى ھازىرغىچە تېخى قويۇپ بەرمىگەن.

# خوتەننىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدە ئۇيغۇر سىياسى مەھبۇسلارنىڭ سانى كۆپەيمەكتە

ئۆزمۇخبىرىمىز ئابدۇللا پامىرنىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە بەرگەن خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان خوتەننىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدىكى تۈرمىلەردە بىگۇناھ ھالدا قامالغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى كۆپىيىشكە باشلىغان. مۇخبىرىمىز قولغا چۈشۈرگەن سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، نۆۋەتتە خوتەن ناھىيىسىنىڭ تۈرمىسىدە 500 نەپەردىن ئارتۇق، قاراقاش ناھىيىسىنىڭ تۈرمىسىدە 450 نەپەر، لوپ ناھىيىسىنىڭ تۈرمىسىدە 150 نەپەر، چىرىيە ناھىيىسىنىڭ تۈرمىسىدە 115 نەپەر، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ تۈرمىسىدە 180 نەپەر، گۇما ناھىيىسىنىڭ تۈرمىسىدە 195 نەپەر ئۇيغۇر سىياسى مەھبۇس قاماقلىق ئىكەن. مۇخبىرىمىزنىڭ بايان قىلىشىچە بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خىتاي دائىرلىرى تەرىپىدىن ھېچقانداق دەلىل - ئىسپاتسىز پەقەت گۇمان بىلەنلا قولغا ئېلىنغان بىگۇناھ ئىنسانلار ئىكەن.

يۇقارقى 1670 نەپەر ئۇيغۇر سىياسى مەھبۇس پەقەتلا مۇخبىرىمىز تەرىپىدىن ئېنىقلاپ چىقىلغانلارنىڭ سانى بولۇپ، بۇ، پۈتۈن خوتەن رايونىدىكى ئومۇمى سىياسى مەھبۇسلارنىڭ سانى بولۇپ ھېساپلانمايدۇ.

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

( بېشى 5 ـ بەتتە )

قارمىغىدىكى قورااللىق خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ بۇخىل زوراۋانلىق قىلمىشلىرى ئادەتتىكى ئەھۋالغا ئايلىنىپ قالغان ۋە ھېچقانداق بىر قانۇن ئورگىنى ئۇلارنىڭ بۇخىل ھەرىكىتىنى توسىمىغان. بەزى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، خوتەن رايونىدا ھەرىيلى « بىگتۇەن » قارمىغىدىكى قورااللىق خىتاي كۆچمەنلىرى تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ۋە يارىلاندۇرۇلغان يەرلىكلەرنىڭ سانى 100 دىن ئېشىپ كەتكەن.

## (3) دىنى ئېتىقاتنىڭ ئاياق ـ ئاستى قىلىنىشى:

خوتەن رايونىدا مىللى توقۇنۇشلارنىڭ كۆچىيىپ كېتىشىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەپلىرىنىڭ بىرى ـ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇرايوندا يۈرگۈزۈۋاتقان دىنى بېسىم سىياسىتىدىن ئىبارەت. گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسى قانۇنىدا ۋە مەخسۇس شەرقىي تۈركىستانغا قارىتىلغان « مىللى تېرىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى » دا ئىنسانلارنىڭ دىنى ئېتىقادى قانۇنى جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان ۋە قوغدالغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا، جۈملىدىن خوتەن رايونىدا ئۆزىنىڭ ئاساسى قانۇنىغا خىلاپ ھالدا پۈتۈنلەي دىنى ئېتىقاتنى چەكلەش ۋە يوق قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ كەلدى. پەقەت 1990 ـ يىلدىن بۇيانلا خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا دىنىي چەكلەش ھەققىدە ئۆزىنىڭ ئاساسى قانۇنىغا تامامەن زىت بولغان 10 دىن ئارتۇق يەرلىك قانۇن ۋە بەلگىلىمە چىقىرىپ تارقىتىپ، يەرلىك خەلقنىڭ دىنى ئېتىقات ئەركىنلىكىنى ئېغىر دەرىجىدە ئاياق ـ ئاستى قىلدى.

خۇددى يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، خوتەن رايونى شەرقىي تۈركىستان بويىچە خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ سانى ئەڭ ئاز، يەرلىك خەلق بىرقەدەر زىچ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ بىرى بولغاچقا، خىتاي دائىرلىرىنىڭ بۇ رايونغا قاراتقان دىنى بېسىم سىياسىتىمۇ پەۋقۇلاددە ئېغىر بولدى. مەسىلەن، مەركىزىمىز خوتەندىن بىۋاستە ئىگەللىگەن سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1997 ـ يىلدىن بۇيان خىتاي دائىرلىرى خوتەن ۋىلايىتىدە 1218 مەسجىدنى مەجبۇرى ھالدا تاقىۋەتكەن، 939 مەسجىدنى ئۇرۇپ چېقىۋەتكەن، بۇسەۋەپتىن يەرلىك خەلق 36 مىليون يۈەن بىۋاستە زىيان تارتقان. ئۇندىن باشقا بۇ رايوندا يەنە 118 دىنى مەكتەپ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن پېچەتلىنىپ، بۇمەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان 918 نەپەر تالىپ ۋە 108 نەپەر دىنى ئۆلىما ناھەق ھالدا قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. گەرچە خىتاينىڭ ئاساسى قانۇنىغا ئاساسەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ناماز ئوقۇشى ۋە دىنى پائالىيەت سورۇنلىرىغا بېرىشى پۈتۈنلەي قانۇنلۇق بولسىمۇ، ئەمما خوتەن رايونىدا ( پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا ) خىتاي دائىرلىرى دىنى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى تامامەن ئىشتىن ھەيدىمەكتە ۋە ھەتتا تۈرمىلەرگە تاشلىماقتا. مەسجىدلەردە ئىمام ـ خاتىپلىق قىلىۋاتقان ھەقىقى دىنى ئۆلىمالارنى مەجبۇرى ھالدا مەسجىتلەردىن ھەيدەپ چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ھۆكۈمەتكە سادىق كىشىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇكىشىلەرگە مەسجىدلەردە كوممۇنىستىك تەلىم ـ تەربىيە ۋە كوممۇنىستىك ئىدىئولوگىيەنى تەشۋىق قىلىشقا سالماقتا. ئۇندىن باشقا يەنە خىتاي دائىرلىرى 99 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى خوتەن رايونىدا يەرلىك خەلقنىڭ ئۆيلىرىدىكى دىنى ئەسەر ۋە بۇيۇملارنى يىغىۋېلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى ۋە 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈندىن بۇرۇن ئۆيىدىكى دىنى ئەسەر ۋە بۇيۇملارنى تاپشۇرمىغانلارنى قولغا ئالىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

## (4) قانۇنسىز تۇتقۇن قىلىش ۋە ئۆلتۈرۈش:

خوتەن رايونىدا خىتاي ساقچى دائىرلىرىنىڭ ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ يەرلىك خەلقنى ھېچبىر دەلىل ـ ئىسپاتسىزلا قانۇنسىز تۇتقۇن قىلىشى، يەرلىكلەرنىڭ ئۆيلىرىنى قالايمىقان ئاختۇرىشى ۋە يەرلىكلەرگە قالايمىقان ئوق چىقىرىپ ئۆلتۈرۈشى ۋە ياردار قىلىشى ئومومى يۈزلۈك بىر ئەھۋالغا ئايلىنىپ قالغان. ئومومەن بۇ رايوندا ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ۋە نارازىلىقلىرىنى تېنچلىق شەكلى بىلەن ھۆكۈمەت دائىرلىرىگە بىلدۈرگەن، ئۆزىنىڭ قانۇنى ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلغانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسلا خىتاي دائىرلىرىنىڭ باستۇرۇش، ئۆلتۈرۈش ۋە قانۇنسىز قولغا ئېلىش نىشانى قىلىنغان. مەسىلەن، بۇيىل 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيىسىدە مۆرتەزا ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ياش خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن « مىللى بۆلگۈنچى » دىگەن تۆھمەت بىلەن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. شۇكۈنى بۇ ئۇيغۇرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر يەرلىك خەلقنىڭ ئادىتى بويىچە بۇ ياشنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت دائىرلىرىدىن ئۇنىڭ جەسىدىنى قايتۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان. گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنىدا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ جەسىدىنى ئائىلىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش كېرەكلىكى ئېنىق بايان قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ساقچى دائىرلىرى ھېلىقى ياشنىڭ جەسىدىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى رەت قىلغان. بۇ ئەھۋال يەرلىك خەلقنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان. شۇكۈنى 10 مىڭغا يېقىن يەرلىك خەلق ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئالدىدا نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈپ، ھۆكۈمەتتىن ھېلىقى ئۇيغۇر ياشنىڭ جەسىدىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى قاتتىق تەلەپ قىلغان. ئەپسۇسكى ھۆكۈمەت دائىرلىرى يەرلىك خەلقنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە كۆپلىگەن ساقچى ۋە ژاندارمىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، نامايىشنى باستۇرغان ھەمدە نامايىشتىن كېيىن ساقچى دائىرلىرى مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغان. خوتەن رايونىدىن « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسيون مەركىزى » گە بىۋاستە كەلگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، خىتاي ساقچى دائىرلىرى بۇقېتىمقى نامايىشتا قولغا ئېلىنغان مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى تاكى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىگە قەدەر قويۇپ بەرمەي تۈرمىلەردە قاتتىق قىينىغان ۋە 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى بۇلارنىڭ ئىچىدىكى 83 نەپىرىنى ھۆكۈمگە ئېلان قىلىش ئۈچۈن تۇتۇپ قېلىپ، قالغانلىرىنى مىڭ يۈەندىن جەرىمانە ئېلىپ قويۇپ بەرگەن ( بۇناھىيىدىكى يەرلىك خەلقنىڭ يىللىق كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 600 يۈەن ). خوتەن رايونىدا خىتاي ساقچى دائىرلىرىنىڭ تۈرمىلەردىكى سىياسى تۇتقۇنلارنى ھېچبىر سوتنىڭ ھۆكۈمى بولماي تۇرۇپلا ناھەق ھالدا ئېتىپ ئۆلتۈرىۋېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ دائىم دىگۈدەك يۈزبەرمەكتە. مەسىلەن، « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسيون مەركىزى » نىڭ بۇ رايوندىن ئالغان مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، بۇيىل 4 ـ ئايدا خوتەننىڭ كېرىيە ناھىيىسىدىكى قاراخان « ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى » (تۈرمە) دا ئابدۇلقادىر قارى، مەمەت تۇرسۇن قارىم، ئابدۇكېرىم قارىم، تۇرسۇن قارى قاتارلىق 4 نەپەر ئۇيغۇر سىياسى تۇتقۇن ساقچىلار تەرىپىدىن سەۋەپسىز ھالدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. خوتەن رايونىدا خىتاي ساقچى ۋە ژاندارمىلارنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇق بىلەن يەرلىك خەلقلەرنى بوزەك قىلىش ئەھۋاللىرىمۇ كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقان. مەسىلەن، 99 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى خوتەننىڭ لوپ ناھىيىسىدىكى بىر بازاردا بىرنەپەر خىتاي ساقچىسى يەرلىك بىر قوغۇنچىدىن بىر قوغۇن ئالغان ۋە بىر قوغۇننىڭ پۇلىنى تۆلەپ، 3 قوغۇننى كۆتۈرۈپ ماڭغان، ئۇيغۇر قوغۇنچى بۇ ساقچىغا قالغان قوغۇنلارنىڭ پۇلىنى تۆلەشنى ئېيتقاندا، ھېلىقى ساقچى قوغۇنچىنى قاتتىق ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇپ قويغان، بۇناھەقچىلىقتا چىدىمىغان ئەتراپتىكى يەرلىك خەلق، ھېلىقى ساقچىنى تۇتىۋېلىپ قويۇپ بەرمىگەن، بۇئەسنادا بىرنەپەر ئۇيغۇر قورچاق ئەمەلدار ئەقمەيدانغا كېلىپ، يەرلىك خەلققە، ھېلىقى ساقچىدىن قوغۇنچىغا 600 يۈەن تۆلىتىپ بېرىدىغانلىقى ۋە ساقچىغا قوغۇنچىنى داۋالاتقۇزۇپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىپ، ماجرانى ئايرىغان ۋە ھېلىقى خىتاي ساقچىنى يەرلىك خەلقنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇۋالغان. ئەرتىسى كۈنى ھېلىقى ئۇيغۇر قوغۇنچى، « مىللى توپىلاڭچى » دىگەن تۆھمەت بىلەن خىتاي ساقچى دائىرلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان ۋە تۈرمىدە قاتتىق قىين ـ قىستاققا ئېلىنغان.

بۇنداق ناھەقچىلىقلار خوتەن رايونىدا ھەركۈنى دىگۈدەك يۈز بېرىپ تۇرماقتا. بۇيىل 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا خوتەندىكى خىتاي دائىرلىرى 11 نەپەر ئۇيغۇر ياش ئۈستىدىن « مىللى بۆلگۈنچى » دىگەن تۆھمەت بىلەن تۇتۇش بۇيرۇقى تارقاتقان ئىدى، ئەمىلىيەتتە بولسا بۇ 11 نەپەر ئۇيغۇر ياش خىتاي دائىرلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانى ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلغان بىگۇناھ ئىنسانلار ئىدى. 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈندىن 21 ـ كۈنىگە قەدەر ساقچى دائىرلىرى بۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۈرەش، ئابدۇكېرىم مامۇت، مەمەت توختى ... قاتارلىق 5 نەپەر ياش ساقچىلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، ھەسەن تۇرسۇنمۇھەممەت، تۇردى ئەخمەت جېلىل، ئابلەت ئەزىز، ئۆمەرجان قاتارلىق 4 نەپەر ياش ئېغىر ياردار قىلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. 99 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى خىتاي دائىرلىرى، « مىللى بۆلگۈنچىلەرنى ئاختۇرۇپ تۇتىمىز » دىگەن نام ئاستىدا، خوتەننىڭ قاراقاش ناھىيىسىگە تانكا، توپ ـ زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللانغان بىر دېۋىزىيە مۇنتىزىم ئەسكەر ۋە مىڭدىن ئارتۇق ساقچى ۋە ژاندارمىنى يۆتكەپ كىرىپ ( خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا بۇ ناھىيىنىڭ ئومومى نوپۇسى 360 مىڭ نەپەر، يەرلىكلەر 355 مىڭ، خىتاي كۆچمەنلىرى 5 مىڭ ئەتراپىدا )، بۇناھىيىدە ئۆيمۇ ـ ئۆي ئاختۇرۇش ئېلىپ بارغان ۋە سەل گۇمانلىق دەپ قارىغان يەرلىك كىشىلەرنى قالايمىقان تۇتقۇن قىلىشقا باشلىغان. مەسىلەن، « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسيون مەركىزى » نىڭ بۇرايوندىن بىۋاستە ئالغان مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بىر كۈن ئىچىدىلا مەزكۇر ناھىيىدە 71 نەپەر ئۇيغۇر سەۋەپسىزھالدا قولغا ئېلىنغان، 2 نەپەر ئۇيغۇر ساقچىلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. خىتاي دائىرلىرى بۇيىل 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خوتەن رايونىدا ھەربى ھالەت يولغا قويغاندىن بۇيان جەمئى 1760 نەپەر گۇناھسىز ئۇيغۇرنى قانۇنسىز ئۇسۇلدا تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلىغان.

ئومومەن قىلىپ ئېيتقاندا ئۆۋەتتە خوتەن رايونىنىڭ سىياسى ۋەزىيىتى يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ جىددى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى، بۇرايوندا ھەرۋاقىت پەۋقۇلاددە زور بىر مىللى توقۇنۇشنىڭ يۈزبېرىش خەۋپى مەۋجۇت، ئومومى ۋەزىيەتنى كۆزەتكىنىمىزدە، خىتاي دائىرلىرى خوتەن رايونىدا يەرلىك مىللەتلەرگە قارىتا كەڭ كۆلەملىك بىر قىرغىنچىلىق ھەرىكىتىگە ھازىرلىق قىلماقتا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنىڭدىكى ئاساسى مەقسىدى، شەرقىي تۈركىستان بويىچە خىتاينىڭ ئاتىسمىلاتسىيە سىياسىتىنىڭ تەسىرىگە ئەڭ ئاز دەرىجىدە ئۇچرىغان، يەرلىك خەلق بىرقەدەر زىچ توپلۇشۇپ ئولتۇراقلاشقان ۋە ستراتىگىيەلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولغان خوتەن رايونىدىكى ھاكىمىيىتىنى ۋە سىياسى تەسىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشتىن ئىبارەت. شۇڭا بۇرايوندا يۈزبېرىش ئېھتىمالى كۈچلۈك بولغان ئومومى يۈزلۈك بىر قىرغىنچىلىق پاجىئەسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، دۇنيا جامائەتچىلىكى ھازىردىن باشلاپ بۇرايوندا يۈزبېرىۋاتقان ۋەقەلەرگە يېقىندىن دىققەت قىلىشى ۋە كوممۇنىستىك خىتاي ھاكىمىيىتىگە ئۆزۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بۇرايوندا يۈرگۈزىۋاتقان فاشىستىك قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى دەرھال توختۇتىشىغا بېسىم ئىشلىتىشى لازىم!

### قوشۇمچە:

### خوتەن رايونىدىكى زور سىياسى ۋەقەلەرنىڭ قىسقىچە بىيوگرافىيەسى:

( داۋامى 7 ـ بەتتە )

( بېشى 6 ـ بەتتە )

(1) 1955 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى خەتەندە ئابلىمىت داموللام ۋە پەتىھدىن مەخسۇم باشچىلىقىدىكى نەچچەمىڭ يەرلىك خەلق مۇستەقىللىق بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ،خىتاي ھاكىمىيتىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەردى. نەتىجىدە بۇقېتىمقى قوزغىلاڭ خىتاي ئارمىيىسى تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلۇپ، خىتاي ئارمىيىسى بىلەن بولغان بىۋاستە جەڭدە ۋە تۈرمىدە 1300 نەپەر ئۇيغۇر ئۆلتۈرۈلدى.

(2) 1956 ـ يىلى 3 ـ ئايدا خوتەننىڭ قاراقاش ناھىيىسىدە باقى داموللام، مۇھەممەت داموللام باشچىلىقىدىكى مىڭغا يېقىن يەرلىك خەلق شەرقىي تۈركىستاندىكى « بىڭتۈەن » ئارمىيىسگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەردى، بۇقېتىمقى قوزغىلاڭمۇ خىتاي ئارمىيىسى تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلۇپ، 200 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، 2000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر قولغا ئېلىنىپ تۈرمىلەرگە تاشلاندى ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك تۈرمىدە قىين ـ قىستاق دەستىدىن ئۆلۈپ تۈگىدى.

(3) 1956 ـ يىلى 5 ـ ئايدا خوتەننىڭ لوپ ناھىيىسىدە ئابدۇقادىر داموللام باشچىلىقىدىكى 1500 دېھقان خىتاي ھاكىمىيتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتەردى، ئۇلارنىڭ غايىسىمۇ مىللى مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى، نەتىجىدە بۇقېتىمقى قوزغىلاڭمۇ خىتاي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلۇپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ئۇرۇش جەريانىدا ۋە تۈرمىلەردە ئۆلۈپ كەتتى.

(4) 1957 ـ يىلى 1 ـ ئايدا خوتەندە خەدىچىخان (ئايال) باشچىلىقىدىكى بىرنەچچەمىڭ دېھقان خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتەردى ۋە خوتەننىڭ خانئېرىق يېزىسىدىكى كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يەرلىك ھاكىمىيەت قۇرۇپ چىقتى، بۇقېتىمقى قوزغىلاڭمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خىتاي ئارمىيىسى تەرىپىدىن قوراللىق باستۇرۇلۇپ، قوزغىلاڭغا قاتناشقان يەرلىك خەلق ئاساسى جەھەتتىن قىرىپ تاشلاندى. (خوتەندە 1954 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە بولغان 4 يىل ئىچىدە خىتاي ھاكىمىيتىگە قارشى جەمئى 14 قېتىم چوڭ ـ كىچىك مىللى قوزغىلاڭ ئېلىپ بېرىلدى)

(5) 1962 ـ يىلى خوتەندە يەرلىك خەلق « شەرقىي تۈركىستان ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى » نى قۇرۇپ، بىرنەچچەمىڭ ياش قوراللىق قوزغىلاڭغا تەييارلىق قىلدى. نەتىجىدە خائىنلارنىڭ پاش قىلىپ قويۇشى بىلەن، بۇقېتىمقى ھەرىكەت خىتاي ئارمىيىسى تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلدى ۋە بىرقانچەمىڭ ياش قولغا ئېلىنىپ تۈرمىلەرگە تاشلاندى. خىتايدىكى « مەدىنىيەت زور ئىنقىلاۋى » مەزگىلىدە بۇياشلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تۈرمىلەردە خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قىيناپ ئۆلتۈرۈلدى.

(6) 1995 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى خوتەندە نەچچەمىڭ يەرلىك خەلق ئۆزلىرىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن دىنى ئەركىنلىكلىرىگە كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىپ ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئالدىدا تېنىچلىق شەكلىدە نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى، نەتىجىدە بۇقېتىمقى نامايىش خىتاي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قوپاللىق بىلەن قوراللىق باستۇرۇلدى. ۋەقە جەريانىدا ئەسكەرلەرنىڭ خەلققە ئوق چىقىرىشى نەتىجىسىدە بىرقانچە يۈزكىشى يارىلاندى، نامايىشتا 3 مىڭدىن ئارتۇق كىشى قولغا ئېلىنىپ تۈرمىلەرگە تاشلاندى. بۇقېتىمقى نامايىشقا قاتناشقان خېلى كۆپلىگەن كىشىلەر سوت تەرىپىدىن تۈرلۈك قاماق جازالىرىغا ھۆكۈم قىلىندى.

(7) 1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خوتەننىڭ لوپ ناھىيىسىدە مۇرتەزا ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ياش خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن « مىللى بۆلگۈنچى » دىگەن بەدنام بىلەن ئۆلۈمگەھۆكۈم قىلىنىپ ئېتىپ تاشلاندى، خىتاي قانۇنى بويىچە بۇياشنىڭ جەسىدى ئۇنىڭ ئائىلىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلىشى كېرەك ئىدى، ئەمما خىتاي دائىرلىرى بۇياشنىڭ جەسىدىنى قايتۇرۇپ بەرمىدى، نەتىجىدە ناھىيىدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق يەرلىك خەلق ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئالدىدا نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈپ ھۆكۈمەتتىن جەسەتنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، خىتاي دائىرلىرى بۇقېتىمقى تېنىچلىق نامايىشنى قوراللىق باستۇردى ۋە نامايىشقا قاتناشقان مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى.

( 8) 1999 ـ يىلى 8 ـ ئايلاردا خىتاي دائىرلىرى خوتەندە كۆرەش قاتارلىق 11 نەپەر ئۇيغۇر ياشقا « مىللى بۆلگۈنچى » دىگەن قالپاقنى كەيگۈزۈپ، ئۇلارنى تۇتۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن ئېتىۋارەن بۇ 11 نەپەر ئۇيغۇرياش خىتايغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ باردى، نەتىجىدە 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگە قەدەر بۇلارنىڭ 5 نەپىرى خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، 3 نەپىرى ئېغىر يارىلىنىپ تۇتقۇن قىلىندى، قالغانلىرى قارشىلىق كۆرسۈتۈش ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا. پارتىزانلىق ئۇرۇشى جەريانىدا ھۆكۈمەتنىڭ بىرقانچە ساقچىسى ئۇيغۇر ياشلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

## « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسيون مەركىزى »

1999 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ( گېرمانىيە ـ ميونخېن )

( ئىزاھات: مەزكۇر دوكلات پەرھات مۇھەممىدى تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىندى )

# خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستانغا 45 مىڭ نەپەر ژاندارما يۆتكەشنى قارار قىلدى

ئۆزمۇخبىرىمىز ئابدۇللا پامىرنىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە بەرگەن خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇيىل 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتى بىلەن خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكى شەرقىي تۈركىستانغا 45 مىڭ نەپەر قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنى يۆتكەشنى قارار قىلغان ۋە شۇكۈنى 1 ـ تۈركۈمدىكى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى 3 پويىزغا ئولتۇرۇپ شەرقىي تۈركىستانغا قاراپ يولغا چىققان. مۇخبىرىمىزنىڭ ئىگەللىگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكى بۇ 45 مىڭ نەپەر قوراللىق ساقچىنى « جەنوبى شىنجاڭ ھەربى رايونى » نىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلغان. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بايان قىلىشىچە، بۇ قوراللىق قىسىملار مەخسۇس شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى « مىللى توپىلاڭ » لارنى باستۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىگەن.

# مارالۋېشىنىڭ سانساكو بازىرىدا نېفىت توشۇۋاتقان 5 ماشىنا كۆيدۈرۈۋېتىلدى

ئۆزمۇخبىرىمىز ئابدۇللا پامىرنىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە بەرگەن خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇيىل 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى كېچە سائەت 12 ئەتراپىدا، پوسكام نېفىتلىكىدىن كورلىغا نېفىت توشۇپ كېتىۋاتقان 5 ماشىنا مارالبېشىنىڭ سانساكو بازىرىغا كېلىپ توختىغان. ھەربىرىگە 40 توننا خام نېفىت قاچىلانغان بۇ 5 ماشىنىنىڭ خىتاي شوپۇرلىرى بازاردىكى ئاشخانىغا تاماق يېگىلى كىرىپ كەتكەندە، نامەلۇم بىرقانچە كىشى بۇ 5 ماشىنىنىڭ ھەممىسىگە ئوت قويۇۋېتىپ قېچىپ كەتكەن. ئوتنىڭ كۈچىدە ماشىنلار دەھشەتلىك ھالدا پارتىلاپ، پۈتۈن ئەتراپىنى ئوت يالقۇنى قاپلاپ كەتكەن، ماشىنىلارغا يېقىن يەردىكى بىر خىتاي مېھمانخانىسىمۇ كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان. قاتتىق ئالاقزادە بولغان خىتاي شوپۇرلار دەرھال تېلېفون ئارقىلىق قەشقەرگە خەۋەر بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەتىسى كۈن چىققاندا قەشقەردىن ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىلىرى يېتىپ كەلگەندە بولسا، ماشىنىلار ۋە خىتايلار ئاچقان بىر مېھمانخانا ئاللىقاچان كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ بولغان.

# « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى تەييارلىق كومىتېتى » نىڭ پۈتۈن ۋەتەنداشلارغا مۇراجاتى

سىزلەرگە مەلۇمكى، شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزى، « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى » نى بۇيىل ئۆكتەبىردە گېرمانىيەدە ئېچىشنى قارار قىلدى، مىللى قۇرۇلتاينىڭ دۇنيانىڭ ئىقتىسادى ۋە سىياسىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان گېرمانىيەدەك كۈچلۈك بىر غەربىي دۆلەتتە چاقىرىلىشى، مۇقەددەس مىللى داۋايىمىزنى خەلقئارالاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تاشلانغان موھىم قەدەمدىن ئىبارەت. بۇقېتىمقى مىللى قۇرۇلتاينى چاقىرىشتىكى ئاساسى مەقسەت، دۇنياغا يۈزلەنگەن كۈچلۈك كادىرولاردىن تەركىپ تاپقان، ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنى ۋە مىللى داۋايىمىز بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان شەخسلىرىمىزنى تولۇق ئۆزئىچىگە ئالغان، ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق خەلقىمىزگە تولۇق ۋەكىللىك قىلالايدىغان نوپوزلۇق، قۇدرەتلىك بىرخەلقئارالىق ئورگىنىمىزنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشتىن ئىبارەت. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تەييارلىق كومىتېتىمىز ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ قۇرۇلتايغا تولۇق قاتنىشىشىغا، مىللى داۋايىمىزغا جىددى كىرەكلىك بولغان يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ چىقىپ ئۇلاردىن ئۈنۈملۈك ھالدا پايدىلىنىشقا ۋە قۇرۇلتاينىڭ بىرلىك، باراۋەرلىك ۋە قېرىنداشلىق كەيپىياتى ئىچىدە مۇۋاپىقىيەتلىك چاقىرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا تىرىشىدۇ. بىز شۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىمىزكى، بۇقېتىمقى قۇرۇلتاي 50 يىلدىن بۇيان ۋەتەن سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مىللى مۇجادىلىمىز ئۈچۈن زور بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇقېتىمقى مىللى قۇرۇلتاينى مۇۋاپىقىيەتلىك ئۆتكۈزۈش، ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋاتقان بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ۋە باش تارتىپ بولمايدىغان تارىخى ۋەزىپىسى. بىز شۇنداق دەپ ھىساپلايمىزكى، بۇقېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا ئۆتكۈزۈلىشىگە ۋە بۇ ئارقىلىق نوپوزلۇق بىر خەلقئارالىق ئورگىنىمىزنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا ھەسسە قوشۇش، ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا ۋەتەن ـ مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ھەمدە ۋەتەن ئىچىدە مىللىتى ئۈچۈن قان كېچىپ كۈرەش قىلىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىگە جاۋاپ قايتۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى. سىزنىڭ مىللى قۇرۇلتاينىڭ مۇۋاپىقىيەتلىك چاقىرىلىشى ئۈچۈن ئىشانە قىلغان ھەربىر سىنتىڭىز ۋە ھەربىر تىيىنىڭىز، ۋەتەن ئىچىدە جان تالىشىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ تومۇرىغا ئاققان بىرتامچە قان ۋە دۈشمىنىمىزنىڭ يۈرىكىگە ئېتىلغان بىرپاي ئوقتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا بىز دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدە ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزدىن ئۆزلىرىنىڭ بۇ تارىخى مەسئۇلىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، قۇرۇلتاي تەييارلىق كومىتېتىنىڭ ئىئانە توپلاش كامپانىيەسىگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىشىنى ۋە ئاز ـ كۆپ دېمەي شەرت ـ شارائىتى ياربەرگەن ئاساستا تەييارلىق كومىتېتىمىزغا ئىقتىسادى جەھەتتىن ياردەم بېرىشىنى ئارزۇ ۋە ئۈمىت قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىز ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق تەشكىلاتلىرىمىزدىن ۋە مىللى داۋايىمىزغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان شەخسلىرىمىزدىن تەييارلىق كومىتېتىمىزنى مىللى قۇرۇلتايغا ۋە مىللى داۋايىمىزنىڭ كىلەچىكىگە مۇناسىۋەتلىك قىممەتلىك تەكلىپ ـ پىكىرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇخسانلاردىن خالى بىر مىللى ئورگاننىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشلىرىنى ئۈمىت قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

« شەرقىي تۈركىستان خەلقئارا مىللى قۇرۇلتىيى تەييارلىق كومىتېتى »

رەئىس:

ئەسقەرجان («ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى )

مۇئاۋىن رەئىسلەر:

ئابدۇجېلىل قاراقاش ( « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ رەئىسى )

دولقۇن ئەيسا ( « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتى » نىڭ رەئىسى )

مىللى قۇرۇلتايغا ياردەم بەرگۈچىلەر ئۈچۈن بانكا ھېساپ نومۇرىمىز:

Ostturkistanische Union e.v (Germany)
Hypo _ Vereinsbank
Konto_Nr. 43728466
BLZ.700 20270

ئالاقىلىشىش ئادرېسىمىز:

Lindwurm str.99
80337 munchen Germany
Tel/ 0049/5438899
Fax/ 0049/89/ 54456330

## گېرمانىيەدە چاقىرىلىدىغان شەرقىي تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيغا 10 دىن ئارتۇق دۆلەتتىن 200 دىن ئارتۇق ۋەكىلگە رەسمى تەكلىپنامە ئەۋەتىلدى

ئۆزخەۋەرىمىز: بۇيىل 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈندىن 14 ـ كۈنگىچە گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھرىدە چاقىرىلىدىغان شەرقىي تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيغا، دۇنيادىكى 10 دىن ئارتۇق دۆلەتتە پائالىيەت قىلىۋاتقان 30 غا يېقىن شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىدىن جەمئى 205 نەپەر ۋەكىلگە ۋە بىرقىسىم مىللى ئەرباپلىرىمىزغا قۇرۇلتاي تەييارلىق كومىتېتى نامىدىن رەسمى تەكلىپنامە ( ۋىزا ) ئەۋەتىلدى. ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەردە ۋىزا ئىشلىرىنى تاماملاپ بولغان بەزى ۋەكىللىرىمىز گېرمانىيەگە قاراپ يولغا چىقىشقا باشلىدى. بۇقېتىمقى مىللى قۇرۇلتايغا شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرىدىن سىرت يەنە، « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى »، « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » ... قاتارلىق بىرقىسىم خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىرى، تىبەت تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، دېموكراتىك خىتاي ۋەكىللىرى، گېرمانىيەدىكى ھەرقايسى تۈرك تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ قاتنىشىدۇ.

جانابى ئاللاھ مەدەتكارىمىز بولغاي!

گېزىتنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ساھىبى:
ئابدۇجېلىل قاراقاش
گېزىت مەسئۇلى ۋە باش تەھرىر:
پەرھات مۇھەممەدى
كورېكتور:
خەلچەم خېلىل

بانكا ھېساپ نومۇرىمىز:
Uygurischer Verein.e.V
Konto: 907227110
BLZ: 70150000
Bank:
Stad sparkasse
Muenchen - Germany

ماقالىنىڭ مەۋقەسى ئاپتورلىرىمىزغا ئائىتتۇر، گېزىتىمىزگە ئەۋەتىلگەن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ. ۋەتەن ھەققىدىكى موھىم ئاخباراتلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىلىدۇ.

ETIC
Lindwurm str.99
80337 Muenchen – Germany
E - Mail: etic@uygur.com
Internet: www.uygur.com
Tel: 0049 - 89 - 5438899
Fax: 0049 – 89 - 54456330

ھەرقانداق مەتبۇئات گېزىتىمىزدىكى ماقالىلارنى خەۋەر مەنبىيى سۈپىتىدە ئېلىپ پايدىلانسا بولىدۇ. ئەمما « ئۇچقۇن » گېزىتىدىن ئېلىنغانلىقى جەزمەن ئەسكەرتىلىشى شەرت!

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى